# 220690 ـ ھىدايەت ئاللاھدىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى قىلىش بەندىدىن دېگەنلىك توغرىسىدا

## سوئال

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتى بىلەن:   وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تُؤْمِنَ إِلاَّ بِإِذْنِ  تەرجىمىسى: ھەر قانداق كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ،  الله يهدي من يشاء  تەرجىمىسى: ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ دېگەن بۇ ئايەتنىڭ ئارىسىنى قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرىمىز؟. مەن، ئاللاھ تائالا مېنى ياراتقان ساغلام تەبىئەتتە بولۇشقا تىرىشىۋاتىمەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىمەن، مەندىن ئىشىنىش تەلەپ قىلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە ئىشىنىمەن، شۇڭلاشقىمۇ مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ماڭا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى كېلىشكە باشلىدى؟، قانداق قىلىشىم كېرەك؟. جاۋابىڭلارنى كۈتىمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىش ۋە يېتەكلەش ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا توغرا يولغا يېتەكلەشنى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، توغرا يولنى خالىمىغان كىشىنى يېتەكلىمەيدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:  ذَلِكَ هُدَى اللَّهِ يَهْدِي بِهِ مَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ  تەرجىمىسى: ئەنە شۇ (يەنى قۇرئان) ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇركى، ئۇنىڭ بىلەن (ئاللاھ) خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. [سۈرە زۇمەر 23- ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:  مَنْ يَشَأِ اللَّهُ يُضْلِلْهُ وَمَنْ يَشَأْ يَجْعَلْهُ عَلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ  تەرجىمىسى: ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئازدۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا سالىدۇ. [سۈرە ئەنئام 39-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مَنْ يَهْدِ اللَّهُ فَهُوَ الْمُهْتَدِي وَمَنْ يُضْلِلْ فَأُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ تەرجىمىسى: ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ گۇمران قىلغان ئادەم زىيان تارتقۇچىدۇر. [سۈرە ئەئراپ 178-ئايەت].

مۇسۇلمان ھىدايەتنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھەر نامىزىدا ئى ئاللاھ! بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ ئىنساندىن ھىدايەتنىڭ سەۋەپلىرىنى قىلىش، بۇ جەرياندا سەۋرچان بولۇش، مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە توغرا يولغا قەدەم بېسىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا نۇرلۇق ئەقىل، ئەركىن تاللاشنى بەردى، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان ياماندىن ياخشىنى، ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتنى تاللايدۇ، ئىنسان ھەقىقى سەۋەپنى قىلغاندا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە

مۆكەممەل ھىدايەت ئاتا قىلىشىغا ھېرىسمەن بولغاندا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ تەۋپىق ـ ھىدايىتى كېلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَكَذَلِكَ فَتَنَّا بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لِيَقُولُوا أَهَؤُلَاءِ مَنَّ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنْ بَيْنِنَا أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَعْلَمَ بِالشَّاكِرِينَ تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ: ئاللاھ ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟ دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي، چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ).» [سۈرە ئەنئام 53-ئايەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ بەزى كىشىلەرگە شەكلىك بولغان مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۇزۇن توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىش ئاللاھنىڭ خالىشىغا قايتىدىكەن، ھەممە ئىش ئاللاھ قولىدا ئىكەن، ئۇ ۋاقىتتا ئىنسان ئۈچۈن ھېچ يول بولمايدۇ، ئاللاھ ئۇ ئىنساننى ھىدايەت قىلماستىن ئازدۇرۇشنى تەقدىر قىلىۋەتكەن بولسا، ئىنسانغا نېمە چارە؟ دېيىلسە، بىزنىڭ بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا توغرا يولغا لايىق بولغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئازغۇنلۇققا لايىق بولغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَلَمَّا زَاغُوا أَزَاغَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ تەرجىمىسى: ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى. [سۈرە سەپ 5-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: فَبِمَا نَقْضِهِمْ مِيثَاقَهُمْ لَعَنَّاهُمْ وَجَعَلْنَا قُلُوبَهُمْ قَاسِيَةً يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَنْ مَوَاضِعِهِ وَنَسُوا حَظًّا مِمَّا ذُكِّرُوا بِهِ تەرجىمىسى: ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق، ئۇلار (تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلار (تەۋراتتا) ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنتۇدى. [سۈرە مائىدە 13-ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئازغۇن كىشى ئۈچۈن ئازغۇنلۇقنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن بولغان سەۋەبتۇر، ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە نېمىنى تەقدىر قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ، پەقەت تەقدىر قىلىنغان نەرسە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن بىلەلەيدۇ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە ئازغۇنلۇقنى تەقدىر قىلدىمۇ ياكى ھىدايەتنى تەقدىر قىلدىمۇ بۇنى بىلمەيدۇ؟.

ئۇنىڭ ئازغۇنلۇق يولدا مېڭىشتىكى ھالى نېمە؟ ئاندىن ئۇ ئاللاھ ماڭا مۇشۇنى خالىدى دەيدۇ، ئۇنداقتا ئۇ توغرا يولدا مېڭىپ ئاللاھ تائالا مېنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىمنى خالىدى دېسە بولمامدۇ؟.

ئۇ كىشى ئازغاندا مەن مەجبۇر بولدۇم، ئىتائەت قىلغاندا بۇ ماڭا تەقدىر قىلىنغان دېيىشى كېرەكمۇ؟، ياق!، ئىنساننىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئازغان ۋاقتىدا، مەجبۇر بولۇپ قالدىم دېيىشى توغرا بولمايدۇ، يەنى ئىبزىپ كەتسە ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسا: بۇنداق قىلىش ماڭا تەقدىر قىلىنغان، مېنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈم قىلغان تەقدىرىدىن چىقىپ كېتىشىم مۇمكىن بولمايدۇ دېيىشى توغرا بولمايدۇ.

ھەقىقەتتە ئىنسان ئۈچۈن بەلگىلەش ۋە ئىختىيارلىق بولىدۇ، توغرا يول تېپىشنىڭ يولى رىزىق تېپىشنىڭ يولىدىن مەخپى

ئەمەس، ھەممەيلەنگە مۇلۇمكى، ئىنسان ئۆچۈن رىزىقتىن تەقدىر قىلىنغان نەرسە بولسىمۇ يەنىلا رىزىق تېپىش يولىدا ئۆز يۇرتىدا ۋە باشقا يۇرتلاردا سەۋەپ قىلىدۇ، ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئاللاھ تەقدىر قىلغان رىزىق كېلىدۇ دەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ رىزىقى كىلىدىغان ئەمەللىرى بىلەن بىللە بولسىمۇ بەلكى رىزىق تېپىشنىڭ سەۋەپلىرىنى قىلىدۇ، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان.

ئىنساننىڭ رىزقى پۈتنۈپتىلگەن، شۇنىڭدەك ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن قىلىدىغان ئەمەللىرىمۇ پۈتنۈپتىلگەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق دۇنيادا مەنپەئەتلىنىدىغان رىزىقنى تەلەپ قىلىش ئۆچۈن پۈتۈن دۇنياني ئايلىنىسىز ئەمما نېمەتلىك جەننەتكە كىرىش ۋە ئاخىرەتنىڭ رىزقىنى تەلەپ قىلىش ئۆچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلمايسىز؟.

ھەقىقەتەن ئىككىسى بىر يول بولۇپ بۇنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق، شۇنىڭدەك سىز رىزىق تېپىش، دۇنيادا ئۆزۈن ياشاش ئۆچۈن تىرىشچانلىق قىلىسىز، ئەگەر كېسەل بولۇپ قالسىڭىز، كېسىلىڭىزنى داۋالايدىغان ماھىر دوختۇر ئىزدەپ دۇنياني ئايلىنىپ چىقىسىز، شۇنداق قىلسىڭىزمۇ سىزگە پۈتۈلگەن ياشاش مۇددىتىدىن بىر نەرسە زىيادە بولمايدۇ ياكى كەمەيمەيدۇ، سىز بۇ سۆزگە ئىشەنمەيسىز ۋە: ئۆيۈمدە كېسەل ھالىتىمدە قالىمەن، ئەگەر ئاللاھ مېنىڭ ئەجىلىمنى كېچىكتۈرۈشنى تەقدىر قىلغان بولسا ياشايمەن دېمەستىن بەلكى پۈتۈن تىرىشچانلىقىڭىزنى كۆرسۈتۈپ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق سىزنىڭ شىپا تېپىشىڭىزنى تەقدىر قىلغان دوختۇرنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىسىز.

نېمە ئۆچۈن سىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئۆچۈن قېلىدىغان ياخشى ئەمەللىرىڭىز، دۇنيالىق ئۆچۈن قىلىدىغان تىرىشچانلىقىڭىزدەك بولمايدۇ؟.

بىز ئىلگىرى ئېيتقاندەك؛ ئاللاھنىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرى يوشۇرۇن سىر بولۇپ، بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

سىز ھازىر ئىككى يولنىڭ ئارىسىدا: بىرى سىزنى بەخت ـ سائادەت، ئىززەت ـ كارامەت، ئۇتۇق قازىنىش ۋە تىنچلىققا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. يەنە بىرى بولسا، سىزنى ھالاكەتكە، پۇشايمانغا ۋە خارلىققا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر.

سىز ھازىر ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن ئىككى يولنىڭ ئارىسىدا تۇرىۋاتىسىز، ھازىر سىزنى ئوڭ تەرەپتىكى يولدىن ياكى سول تەرەپتىكى يولدىن مېڭىشىڭىزنى چەكلەيدىغان ھېچ بىرى يوق، سىز خالىسىڭىز ئوڭ تەرەپتىكى يولغا ماڭىسىز، خالىسىڭىز سول تەرەپتىكى يولغا ماڭىسىز.

بۇنىڭدىن بىزگە شۇ ئاشكارا بولىدۇكى، ھەقىقەتەن ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئىشلىرىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچىدۇر، ئۆزىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئىختىيارى ھەرىكەت قىلغاندەك، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدىمۇ ئىختىيارى ھەرىكەت قىلغۇچىدۇر. بەلكى ئۇ كىشى ئۆچۈن ئاخىرەتنىڭ يولى دۇنيانىڭ يولىدىن روشەن ۋە ئوچۇقتۇر، چۈنكى ئاخىرەت يولىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنداق بولغاندىكىن ئاخىرەتنىڭ يولى

دۇنيانىڭ يولىدىن روشەنراق ۋە ئوچۇقتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئىنسان ئاقىۋىتىگە ئىگە بولالمايدىغان دۇنيا يولىدا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، لېكىن نەتىجىسى ئېنىق ۋە مەلۇملۇق بولغان ئاخىرەت يولىنى تەرك قىلىدۇ، چۈنكى ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپات ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بىلەن بېكىتىلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن كېيىن شۇنى دېيىمىزكى، ھەقىقەتەن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە بۇنى بېكىتىپ، ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئەقىدە قارىشى قىلدى، شۇنىڭدەك ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن سۆز قىلىدۇ، لېكىن ئىنساننىڭ خالىشى ۋە ئىختىيارلىقى ئاللاھ تائالانىڭ خالىشى ۋە ئىرادىسىگە ئەگىشىدۇ.

يەنە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرى ئاللاھ تائالانىڭ خالىشىنىڭ ھېكمىتىگە ئەگىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ خالىشى مۇتلەق بولماستىن بەلكى ئۆزىنىڭ ھېكمىتىگە ئەگىشىدۇر، چۈنكى ھەكىم دېگەن ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بولۇپ؛ پۈختا ھۆكۈم قىلغۇچى، كائىناتتىكى ۋە شەرىئەتتىكى نەرسىلەرگە ۋە پەيدا قىلغان ئىشلارغا ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتى بىلەن خالىغان كىشىگە ھىدايەتنى تەقدىر قىلغۇچىدۇر، ھەقىقەتنى خالىغان، دىلى ساغلام بولغان كىشىگە نائىل قىلغۇچىدۇر. ئەمما ئىسلامغا دەۋەت قىلىنسا خۇددى ھاۋا يېتىشمەيدىغان ئۈستۈنلۈككە ئۆرلەپ يۈرىكى سىقىلىدىغان كىشىگە ئازغۇنلۇقنى تەقدىر قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بۇنداق كىشىنىڭ توغرا يول تېپىشىنى خالىمايدۇ ئەلۋەتتە، پەقەت ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنى يېڭىلاپ، ئۇنىڭ ئىستىكىنى يەنە بىر ئىستەككە ئۆرۈيدۇ، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى پەقەت سەۋەبنى سەۋەب قىلغۇچىغا ئالاقىدار قىلىشنى خالىدى. ["قازا ۋە قەدەر توغرىسىدىكى رىسالە" دىن قىسقارتىپ ئېلىندى، 14-21-بەتلەر].

مۇسۇلمان كىشى ئۆزى تەكلىپ قىلىنغان ئەمەل مەسىلىسى بىلەن قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىش مەسىلىسىنى مۇشۇنداق چۈشىنىشى كېرەك، ئۇ كىشىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولىشى بۇنىڭغا ئاساسەن بولىدۇ، ھىدايەت ۋە جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى بولسا ياخشى ئەمەل قىلىشتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَنُودُوا أَنْ تِلْكُمُ الْجَنَّةُ أُورِثْتُمُوهَا بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: ئۇلارغا: قىلغان ئەمەللىكلار ئۈچۈن سىلەرگە بېرىلگەن جەننەت مانا مۇشۇ، دەپ نىدا قىلىنىدۇ (يەنى پەرىشتىلەر شۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ. [سۈرە ئەئراپ 43-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ادْخُلُوا الْجَنَّةَ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: «پەرىشتىلەر ئۇلارغا: سالام سىلەرگە! قىلغان ئەمەللىكلىرىنى خاسىيىتىدىن جەننەتكە كىرىڭلار دەيدۇ.» [سۈرە نەھل 32-ئايەت].

ئازغۇنلۇق ۋە دوزاخقا كىرىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشتۇر. دوزاخ ئەھلى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُوا ذُوقُوا عَذَابَ الْخُلْدِ هَلْ تُجْزَوْنَ إِلَّا بِمَا كُنْتُمْ تَكْسِبُونَ تەرجىمىسى: ئاندىن كېيىن (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ، دېيىلىدۇ. [سۈرە يۇنۇس 52-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَذُوقُوا عَذَابَ الْخُلْدِ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ تەرجىمىسى: بىز ھەقىقەتەن سىلەرنى ئۇنتۇدۇق، قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىن مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار. [سۈرە سەجدە 14-ئايەت].

بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى توغرا يولغا قويىدۇ، بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئاللاھ يولىدا ياخشى ئەمەللەرنى قىلماستىن بىكار ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇ ۋاقىتتا پەرۋەردىگارىغا باش ئىگىدۇ، ئاسمانلار ۋە زېمىننىڭ تۇتقۇچىنىڭ ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ، ئۆزىنىڭ دائىم ئاللاھنىڭ تەۋپىقى ۋە توغرا يولغا يېتەكلىشىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالادىن سىزنى ۋە بىزنى توغرا يولغا يېتەكلىشىنى ۋە ھەممەيلەننى بارلىق ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.